# كەڭ كۆلەمدە قوغداش چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى

# يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان جەڭگىۋار قوشۇن بەرپا قىلىندى

(بېشى 1 - بەتتە)

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۆت يىل ئۆتتى. مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريا يېپيېڭى تۈسكە كىردى.

مۇھىتى تېخىمۇ ئەلالاشتى. 2019 - يىلى 1 - ئايدىن 11 - ئايغىچە، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك سۇ نىسبىتى 82.5%كە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن 6.1 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى؛

تەرەققىياتى كۈچلۈك ھالەتنى ساقلىدى. ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە دەريا بويىدىكى 11 ئۆلكە، شەھەرنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.1% ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 0.9 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولدى، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 44.5%نى ئىگىلەپ، سالمىقى سىجىل ئاشتى.

ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىش يولىنى بويلاپ ماڭغان چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان جەڭگىۋار قوشۇن بولۇپ يېتىلمەكتە.

**«كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق» كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدى**

بۇ، چاڭجياڭ دەرياسى ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش ئىشلىرىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك بىر كۆرۈنۈش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىدىكى بىر مەيدان غايەت زور ئۆزگىرىش.

2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0دىن باشلاپ، چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى 332 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى گېرمپلازما بايلىقى مۇھاپىزەت رايونىدا ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك بېلىق تۇتۇش ئومۇميۈزلۈك مەنئى قىلىندى. چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نۇقتىلىق سۇ رايونلىرىمۇ كېيىنى - كەينىدىن قەرەللىك ئون يىللىق يىل بويى بېلىق تۇتۇشنى چەكلەش مەزگىلىگە كىردى.

تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىش پات ئارىدا يۈز بېرىدۇ. يېقىندا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنى قوغداش قانۇنى(لايىھە)» 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 15 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تۇنجى قېتىم سۇنۇلدى. چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئاسرايدىغان بۇ قانۇن چىقىرىلىش ئالدىدا تۇرماقتا.

تۆت يىل، 1500گە يېقىن كېچە - كۈندۈز. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئانا دەرياسىنى چۆرىدىگەن، دۆلىتىمىز تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيە تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى، كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنمەكتە.

چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر.

قائىدە ئورنىتىلدى، يۆنىلىش ئايدىڭلاشتۇرۇلدى ——

2016 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، چۇڭچىڭدا چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى.

«چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا جەزمەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ ئارقىلىق، غايەت زور ئېكولوگىيە ئۈنۈمى، ئىقتىساد ئۈنۈمى، جەمئىيەت ئۈنۈمى ھاسىل قىلىپ، ئانا دەريانىڭ جانلىق ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

ئىدىيە يېتەكچىلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، تۈپ مىزان بەلگىلەندى ——

2018 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ۋۇخەندە چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «يېڭى ۋەزىيەتتە چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى ئاچقۇچ ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغا سىلجىتىش بىلەن مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش بىلەن بوشاشماي كۆرەش قىلىش، كونا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئۆزگەرتىش بىلەن يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى يېتىلدۈرۈش، ئۆز تەرەققىيات بىلەن ماس تەرەققىيات قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەپ» «چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلاندۇرۇشتا».

بۇ، شەرقتىن غەربكە يۈرۈش قىلىدىغان، جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان، دەريالار دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان، ئىختىساسلىقلار ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇجەسسەملەنگەن جاي. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنى ئاپىرىدە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا تىرەك بولۇپ كېلىۋاتقان ئانا دەريا ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىش يولىدا ماڭماقتا.

خۇبېي يىچاڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بىلەن ئوتتۇرا ئېقىنى تۇتاشقان جاي. قىش پەسلى بولسىمۇ، دېڭجۈن رايونى ئەيجيا بازىرى تەۋەسىدىكى دەريا سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك، دەريا بويى پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى.

30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان تيەنتيەن خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ بۇلغانغان تۇپراقىنى تۈزەش تۈرى تاماملاندى. يىچاڭ شەھىرى «خىمىيە سانائىتى دەرياغا قورشىۋېلىش»نى تۈزەشتە تۇنجى بولۇپ چاقچاق كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ كارخانىنى تاقاپ، چېقىپ كۆچۈرۈپ، تۇپراقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كۆچەت تىكىپ كۆكەرتىپ، پايدىسى 20 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنى يېشىللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت كەتتى.

2017 - يىلى يىچاڭ شەھىرى «خىمىيە سانائىتى دەرياغا قورشىۋېلىش» قېيىن ۋەزىيىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېگىش قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى بىر كىلومېتىر دائىرىدىكى 134 خىمىيە سانائىتى كارخانىسىنى «تاقاش، تۈزەش، كۆچۈرۈش، ئۆزگەرتىش»نى باشلامچىلىق بىلەن يولغا قويدى. كەسكىن ئىش كۆرۈش ئارقىلىق، تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرىدىغان تارىخىي پۇرسەت قولغا كەلتۈرۈلدى. 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، يىچاڭ شەھىرىنىڭ نازۇك خىمىيە سانائىتىنىڭ خىمىيە سانائىتى كەسپىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 36.2%كە يېتىپ، ئۈچ يىلدا تەخمىنەن بىر ھەسسە قاتلاندى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئېكولوگىيەنى ئاسراش بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر - بىرىگە زىت، قارمۇقارشى بولماستىن، بەلكى دىيالېكتىكىلىق بىرلىككە ئىگە؛ كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسەتمەيلا قالماي، ئەكسىچە چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى يولىدا مېڭىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، سەھەردىكى چۇڭمىڭ شەرقىي ساھىلى. سۇ يۈزىدە دولقۇنلار جىمىرلايتتى، چېگرادىن ئۆتۈپ توختىغان پەسىل قۇشلىرى بەزىدە قاناتلىرىنى قېقىپ پەرۋاز قىلسا، بەزىدە ساھىلدا ئارام ئالاتتى.

چاڭجياڭ دەرياسى بىلەن دېڭىزى تۇتاشقان جايغا جايلاشقان چۇڭمىڭ ئارىلى شاڭخەينىڭ ئېكولوگىيە توسۇقى. شاڭخەي شەھەرلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ كۆزەتكۈچىسى ۋاڭ كۇجۇ: چۇڭمىڭدا قۇشلارنى سۆيۈش، قۇشلارنى قوغداش قاراشى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، دېدى.

چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، سەنشيا سۇ ئامبىرى رايونى. ئېگىز تاغلار، يانتۇ قىيالار، چوڭقۇر جىلغىلاردا قانداق قىلىپ ئېكولوگىيەنى ئاسراش، شۇنداقلا كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش شۇ جايدىكى كادىرلار، ئاممىنى قىيناپ كەلگەنىدى.

ئېكولوگىيەلىك تۈس ئارقىلىق كەسىپ قىممىتى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. بۇگۈنكى كۈندە، سەنشيا قىزىل يوپۇرمىقى، گاۋشيا پېخخۇ كۆلى، جۇخجۇ جوزە يۈرتى قاتارلىق بىر تۈركۈم مەدەنىيەت - ساياھەت ئىسىم كارتىلىرى سەنشيا سۇ ئامبىرى رايونىدا ئالقىشقا ئېرىشىپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ بايلىققا ئايلاندۇرۇلدى.

ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولدى. مۇخبىرنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ بايقىشىچە، تۆت يىلدىن بۇيان، ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى تەرەققىيات ئىدىيەسىدىكى ئۆزگىرىش ئىكەن. ئىلگىرى ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، ھەل قىلماقچى بولسىمۇ ھەل قىلالمىغان مۇھىت مەسىلىلىرى تۈپ يىلتىزىدىن تۈزدىتىلگەن، ھەرقايسى جايلار مەبلەغ سېلىنمىسى ۋە مۇھىم ئامىللار سېلىنمىسىنى يېتەكچى قىلغان كونا يولدىن تەدرىجىي ۋاز كېچىپ، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىش يېڭى يولىنى ئاكتىپ پىلانلىغان.

**چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئورۇنغا قويۇلدى**

2019 - يىلى 11 - ئايدا، ئەنخۇينىڭ مائەنشەن شەھىرىدە، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزىتىش نەق مەيدان يىغىنى ھەم چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى.

يىغىندا 2019 - يىللىق چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى توغرىسىدىكى ئىبرەت فىلمى قويۇلۇپ، مەسىلىلەرنى قويۇپ بەرمەي چىڭ تۇتۇش، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى سىجىل چىڭىتىش تەلەپ قىلىندى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى تەرەققىياتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ 4 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىپ، دەريا بويىدىكى 11 ئۆلكە، شەھەرگە ئەڭ يېڭى ئاشكارىلانغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتىكى 152 گەۋدىلىك مەسىلىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

تۆت يىلدىن بۇيان، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزىتىشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ ئېكولوگىيە ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق.

مەسىلىنى يۆنىلىش قىلىپ، بىرى بايقالسا، بىرىنى ھەل قىلىش، ھەقىقىي قول سېلىپ قىيىنغا تېگىش قىلىش، داۋاملىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، بوشاشماي كۆرەش قىلىش كېرەك.

2019 - يىلى 1 - ئايدا، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى تەرەققىياتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ 3 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا، دەريا بويىدىكى 11 ئۆلكە، شەھەرگە 163 گەۋدىلىك مەسىلە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، مەسىلە ھېسابات تىزىملىكى ھەم خىزمەتلەرنى تەڭشەش - ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش مېخانىزمى ئورنىتىلدى؛ 6 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ۋە 9 - ئايدىن 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، 163 گەۋدىلىك مەسىلىنى تۈزىتىش ئەھۋالى ئىككى نۆۋەت تولۇق قاپلاپ ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈلدى؛ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جياڭشى، خۇبېي، خۇنەن، سىچۇەن، جياڭسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مەسىلىسى يوشۇرۇن تەكشۈرۈلۈپ، يوشۇرۇن زىيارەت قىلىنىپ، سەلبىي تىپلار چىڭ تۇتۇلۇپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى...

ھازىرغا قەدەر، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتىكى 163 گەۋدىلىك مەسىلىدىن 115ى تۈزىتىلدى. دەريا بويىدىكى 11 ئۆلكە، شەھەر جەمئىي 3044 مەسىلە بويىچە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، 2076نى تۈزىتىشنى تاماملىدى.

2018 - يىلى 4 - ئايدا، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مىنىستىرلىقىنىڭ يىراقتىن ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ بايقىشىچە، جۇڭچىڭ جىنيۈنشەن دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ساياھەت ئەسلىھەلىرى، زاۋۇت - كانلارغا ئىشلىتىلىدىغان يەر قاتارلىق ئىنسانلار پائالىيەت رايونىدىن 500 نەچچىسى بار بولۇپ، 2015 - يىلدىن بۇيان يېڭىدىن 16 ئورۇن كۆپەيگەن، 76 ئورۇننىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلگەن، ئىگىلىۋېلىپ ئېكولوگىيەگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەسىلىلىرى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولغان. ئارقىدىن، جىنيۈنشەن مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى چۆرىدىگەن بىر مەيدان «قاتتىق قوللۇق بىلەن تاغنى تۈزەش ھەرىكىتى» ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغان.

2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، جىنيۈنشەن مۇھاپىزەت رايونىدىكى 190 مەسىلىدىن 184نى تۈزىتىش تاماملاندى؛ 340 ئورۇندىكى قانۇنغا خىلاپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ قۇرۇلۇشتىن 319 ئورۇندىكى قۇرۇلۇشنى تۈزىتىش تاماملاندى، جەمئىي 80 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق كۆلەمدىكى قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپ سېلىنغان قۇرۇلۇش چېقىۋېتىلدى.

مەسىلىنى تۈزىتىش ئاچقۇچلۇق تۇتقا، ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەم بۇلغىنىشنى تۈزەش بولسا ئۇزاققىچە يولغا قويۇلىدىغان تەدبىر.

مەۋقە ماھىيەتتىن تۈزەشكە قويۇلدى. دەريا بويىدىكى شەھەر - بازارلاردىكى يۇندى، ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، خىمىيە سانائىتىدىن بولغان بۇلغىنىشنى تۈزەش، يېزا ئىگىلىكىدە دائىرىلىك، مەنبەلىك بۇلغىنىشنى تۈزەش، كېمىدىن بولغان بۇلغىنىشنى تۈزەش ۋە قالدۇق كان ئامبىرىدىن بولغان بۇلغىنىشنى تۈزەش... بىرمۇنچە جەڭ ئارقا - ئارقىدىن باشلاندى ——

«چاڭجياڭ دەرياسىنى كەڭ كۆلەمدە قوغداش ئىلگىرى ‹تاللاش سوئالى› ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ھايات - ماماتقا مۇناسىۋەتلىك ‹جەزمەن جاۋاب بېرىدىغان سوئال›غا ئايلاندى!» دېدى ئاساسىي قاتلامدىكى بىر كادىر مۇخبىرغا.

2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىدىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەرلەردە يۇندى يىغىش تورۇبا تورىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 3954 كىلومېتىر ئۇزارغان، دەريا بويىدىكى 11 ئۆلكە، شەھەردە 579 قالدۇق كان ئامبىرىنى تاقاش تاماملاندى؛ 2019 - يىلدىن بۇيان، دەريا بويىدىكى 11 ئۆلكە، شەھەردە جەمئىي 958 خىمىيە سانائىتى كارخانىسى كۆچۈرۈلدى، تۈزەلدى، تاقالدى، ئۆزگەرتىلدى؛ چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ چارۋا، ئۆي قۇشلىرى قىغ - مايىقىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش نىسبىتى 74%كە يەتتى.

دەريا خەلققە قايتۇرۇپ بېرىلدى. چاڭجياڭ دەرياسى قىرغىقى لىنىيەسىدە ئېكولوگىيەلىك قايتا كۆكەرتىش ۋە دەريا قىرغىقى لىنىيەسىنى تۈزەش زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت تۇيغۇسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسى ئاشۇرۇلدى ——

بۇلغىنىشنى توسۇش، تازىلاش، سۇ تولۇقلاشقا ئوخشاش يۆنىلىشتە كۆپ تەرەپتە چىڭ تۇرۇلدى، «ئېگىزلىكتىكى نۇرلۇق مەرۋايىت» يۇننەن دىيەنچى كۆلىنىڭ 2018 - يىلدىكى پۈتۈن كۆل سۈيىنىڭ سۈپىتىIV تۈرگە ئۆستى، بۇ، 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى سۇ سۈپىتى بولۇپ، «بىر كۆلنىڭ سۈزۈك سۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛

«ئاۋۋال بۇلغىنىشنى تۈزەش، ئاندىن مەنزىرە بەرپا قىلىش»تا چىڭ تۇرۇلدى، ۋۇخەن شەھىرى ئالدىنقى مەزگىلدە ھەر تۈردىكى پىرىستاندىن 300 نەچچىنى چېقىپ تاشلىدى، 2019 - يىلى يەنە چاڭجياڭ دەرياسى بىلەن خەنجياڭ دەرياسى يادرولۇق رايونىدىكى 103 پىرىستان، 189 پىرىستاندا مۇقىم تۇرىدىغان ياردەمچى كېمىنى چېقىش، بىرىكتۈرۈش، تۈپىلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىككى دەريانىڭ تۆت قىرغىقىدا ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈنمەي قالغان دەريا قىرغىقى لىنىيەسىنى ئېچىپ، «دەريا بويىدىكى مەركىزىي شەھەر رەسىم كاردورى» نىڭ ئىستېرېئولۇق مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى؛

خۇنەن يۆياڭ چاڭجياڭ دەرياسى چوڭ تۇسمىسىدا ئورمان بەرپا قىلىپ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، چاڭجياڭ دەرياسى قىرغىقى لىنىيەسىدىكى 13 مىڭ مو يەردە يېشىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، پورت، پىرىستانلاردا 477 مىڭ كۋادرات مېتىر يەردە يېشىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ساھىل، تاقالغان پىرىستانلارنىڭ ھەممىسىدە يېشىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تاماملىدى...

ئەلمساقتىن مەۋج ئۇرۇپ ئېقىپ كەلگەن چاڭجياڭ دەرياسىدا مەڭگۈلۈك تەرەققىيات ئۆركەشلىمەكتە، ئۇزۇلمەس يېشىللىق دولقۇنلىماقتا.

**ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى**

2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، «چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يىرىك پىلانى تېزىسى» ئېلان قىلىندى. يېڭى دۆلەت ئىستراتېگىيەسى ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈلدى.

«چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دۆلەت ئىستراتېگىيەسىگە ئايلانغاندىن كېيىن، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دۆلەت ئىستراتېگىيەسىگە كۆتۈرۈش بىر خىل ئىستراتېگىيەنىڭ دەستلىنىشى ۋە ئىستراتېگىيەنىڭ يۈكسىلىشى بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ بوشلۇق ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى، خەلقئارا رىقابەت كۈچى ۋە خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە» دېدى جۇڭگو ماكرو ئىقتىساد تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ شياۋخۇا.

چاڭجياڭ دېلتىسىدىن ئىبارەت «ئەجدىھا بېشى» تېز كۆتۈرۈلدى، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىدىن ئىبارەت غايەت زور ئەجدىھا پەرۋاز قىلدى ——

يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونى (چاڭجياڭ دېلتىسى) ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق ۋە ماشىنا ئادەم كەسپى تەرەققىيات مۇنبىرى ھەم تۈرلەرنى ئۇدۇللاشتۇرۇش پائالىيىتىدە، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى لىنىيەسى بويىدىكى شەھەرلەردىن كەلگەن 200 نەچچە ۋەكىل كۆپ تۈرلۈك ھەمكارلىق نەتىجىسىنى ھاسىل قىلدى.

چاڭجياڭ دېلتىسى سۈپىتى بەرپا قىلىنىپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى ۋە چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىدىغان كەسىپ ھەمكارلىقى مېخانىزمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدەنمەكتە. قۇرۇلۇپ بولغان چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونى باغچە رايونلار ھەمكارلىقى ئىتتىپاقى بىلەن چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق ۋە ماشىنا ئادەم كەسپى ئىتتىپاقى چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى 100 نەچچە باغچە رايون ھەم نەچچە مىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمىچىلىق، ماشىنا ئادەم، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار كارخانىلىرىغا تەسىر كۆرسەتتى.

2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 6 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلىپ، چېڭدۇ - چۇڭچىڭ رايونى قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، غەربىي رايوندا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ئېشىش قۇتۇپىنى شەكىللەندۈرۈش ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

چاڭجياڭ دېلتىسى شەھەر توپى، چاڭجياڭ دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىنى شەھەر توپى، چېڭدۇ - چۇڭچىڭ شەھەر توپىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ شەھەر توپى ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ماسلىشىپ كۈچ چىقىرىدۇ؛

چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى «بىر بەلباغ، بىر يول»غا تۇتىشىپ، دەريا بىلەن دېڭىزنى ئۆزئارا باغلاپ، دولقۇنلارنى مەۋج ئۇرغۇزۇپ، دۇنيا ئىقتىساد چوڭ ئېقىنىغا قوشۇلىدۇ.

2019 - يىلى 1 - ئايدىن 11 - ئايغىچە، دەريا بويىدىكى 11 ئۆلكە، شەھەردىن 4685 قېتىم جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتنىدى، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 32% ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي سانىنىڭ 63%نى ئىگىلىدى.

يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا شىددەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى ——

ئېكولوگىيەلىك مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتى GDPنىڭ 2.73 ھەسسىسىگە يەتتى، دېھقانلار سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغلارنى پاي قوشۇپ پايدا ئالىدىغان... دۆلەتنىڭ ئۈچ چوڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى سىناق رايونىنىڭ بىرى بولغان جياڭشىدا، شۇ يەرنىڭ ياخشى ئېكولوگىيە ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش تېزلىتىلمەكتە، ياخشى تاغ، ياخشى سۇ ئوبدان باھادا «سېتىلماقتا».

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ياخشىلاش دەريا بويىدىكى شەھەرلەرنى يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندۇردى. جياڭسۇ نەنتۇڭنىڭ خەيمېن شەھىرى لىنجياڭ يېڭى رايونىدىكى خەيمېن پەن - تېخنىكا باغچىسى بىلەن چۇڭمىڭ ئارىلى دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەرگە گېن تەرتىپىنى تەكشۈرۈش، دورا تەتقىقاتى، دورا ياساش - ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق 100دىن ئارتۇق كارخانا ماكانلىشىپ، پەن - تېخنىكا، ئادەمىيەت، ئېكولوگىيە كىچىك بازىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇشتا قوللىنىلىدىغىنى ئېلىش ئۇسۇلى، ۋاز كېچىلىدىغىنى مەنپەئەت، ئۆزگەرتىلىدىغىنى ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات ئەندىزىسى، بۇ ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس.

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش يەنىلا داۋاملاشماقتا. پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، مەنپەئەت قاشالىرىنى توختىماي بۇزۇپ تاشلاش كېرەك؛ تېخىمۇ مۇھىمى، بوشاشماي كۆرەش قىلىپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان جەڭنى ياخشى قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئانا دەرياسىنىڭ جانلىق ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش كېرەك.

**(مۇخبىرلار ئەن بېي، ۋاڭ شيەن، چېن گاڭ، جوۋ كەي، لى سيۈەن)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# «شىنجاڭ كەلگەنلەر كەتكۈسى كەلمەيدىغان جاي ئىكەن»

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭدا كۆپ مىللەت ئىناق بىللە ئۆتىدۇ، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت مۇجەسسەملەنگەن، ئالېبكوۋا دالىيانىڭ ھېس قىلىشىچە، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ سېھرىي كۈچى ئىكەن.

بوش ۋاقتى بولسىلا، ئالېبكوۋا دالىيا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئېرداۋچياۋ ھەم شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار قاتارلىق جايلاردا سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ يەردە، ئۇ ئوخشىمىغان مىللەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۈندۈزى بىر يەرگە يىغىلىپ، قىزغىن سودا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. كەچتە چىراغلار چاقناپ تۇرىدىغان «كېچىلىك ئىقتىساد»نى كۆرىدۇ: قىزغىن ناخشا - ئۇسسۇل شىنجاڭنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئاشۇ مەززىلىك تائاملار ھەممىدە قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن ساياھەتچىلەرنى كۆرۈپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ سودا پۇرسىتىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنىڭ غايەت زور ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

«دادام تىجارەتچى، ئۇ دائىم ماڭا چوقۇم جۇڭگو تىلىنى ياخشى ئۆگەنگىن دەپ تاپىلايدۇ» دېدى ئالېبكوۋا دالىيا.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئالېبكوۋا دالىيا يەنە بۇ جايدىن نۇرغۇن ياخشى دوست تۇتتى. ئىشى يوق چاغلاردا، ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ بۇ تۇپراقتا خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتىۋاتقانلىقىدەك ئېجىل - ئىناق كەيپىياتنى ھەقىقىي ھېس قىلدى.

ئالېبكوۋا دالىيا شىنجاڭلىق دوستلىرى بىلەن بىللە سودا سارايى، تاللا بازارلىرىنى ئايلىنىشنى ۋە توخۇ قورۇدىقى، كاۋاپ قاتارلىق شىنجاڭنىڭ مەززىلىك تائاملىرىنى يەۋاتقان سۈرەتنى دوستلار چەمبىرىكىگە چىقىرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شىنجاڭنىڭ بۇنداق ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئالېبكوۋا دالىيانىڭ ئىنىسىمۇ شىنجاڭغا كېلىپ ئوقۇشنى ئويلىدى.

«شىنجاڭ گۈزەل، شىنجاڭ ياخشى، شىنجاڭ كەلگەنلەر كەتكۈسى كەلمەيدىغان جاي ئىكەن!» دېدى زىيارەت ئاياغلاشقاندا ئالېبكوۋا دالىيا سەممىيلىك بىلەن.